يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئېچىۋېتىش دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇقەررەر يولى. ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئەگگۈشتەر. يېقىندا ئېچىلغان ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ۋە ئالاقىسىنىڭ يەنىلا دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلپى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئېچىۋېتىش ئىلگىرىلەش ئېلىپ كېلىدۇ، بېكىنمىچىلىك مۇقەررەر ئارقىدا قالدۇرىدۇ. دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى بىر مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دەل سىرتقا ئېچىۋېتىش. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دەل سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياستىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ قۇرۇلۇش قىلغاچقا، بىز بېكىنمە، يېرىم بېكىنمە ھالەتتىن ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىشكە ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە، ياسىمىچىلىقتىكى 1 ـ چوڭ دۆلەتكە، مال سودىسىدىكى 1 ـ چوڭ دۆلەتكە، تاۋار ئىستېمالىدىكى 2 ـ چوڭ دۆلەتكە، چەت ئەل مەبلىغى ئېقىپ كىرىدىغان 2 ـ چوڭ دۆلەتكە، تاشقى پېرېۋوت زاپىسىدىكى 1 ـ چوڭ دۆلەتكە ئايلاندۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم «جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى تاقىلىپ قالمايدۇ، پەقەت بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ» دەپ تەكىتلىدى. ئۆتكەن 40 نەچچە يىلدا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېچىۋېتىش شارائىتىدا قولغا كەلتۈرۈلدى، كەلگۈسىدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىمۇ جەزمەن تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. جۇڭگو يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىپ زورىيىش ئۈچۈن، جەزمەن ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىش ئېقىمىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇيغۇنلىشىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياستىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

ھازىر، خەلقئارا جەمئىيەت ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىش ئىستىقبالىدىن كۆپ ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشى تەتۈر ئېقىم، تەتۈر شامالغا دۇچ كەلدى، ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى كۈچەيدى، بەزى دۆلەتلەردە قورۇقچىلىق ۋە يەككە تەرەپچىلىك ئەۋج ئالدى. ئەمما يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى يۈكسەك دەرىجىدە يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئىنسانلار مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشى يەنىلا تارىخىي ئېقىم، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىش تەقسىملەپ ھەمكارلىشىشى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشى ئۇزاق مۇددەتلىك يۈزلىنىش. بىز تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىش تەتۈر ئېقىمىغا قانچە يۈزلەنگەنسېرى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش بايرىقىنى شۇنچە ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ ۋە يېتەكلەپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى شارائىتى ۋە تاشقى مۇھىتىدا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئىچكى جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتتە تارىخىي ئۆزگىرىش بولدى، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك بولۇپ، قۇرۇلما خاراكتېرلىك، تۈزۈلمە خاراكتېرلىك، دەۋرىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىشى ئېلىپ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. تاشقى جەھەتتىن قارىغاندا، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىردى، خەلقئارا مۇھىت كۈنسېرى مۇرەككەپلەشتى، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. قانچىكى كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنسېرى، شۇنچىكى ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، شامالغا قارشى كېمە ھەيدەشكە جۈرئەت قىلىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. سىرتقا ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي كېڭەيتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. كۆپ تەرەپچىلىك ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يەرشارىۋى ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىپ، تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق بولغان خەلقئارا ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچى، ئومۇمەن بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان دۆلەت، رايون ۋە كارخانىلار، جۈملىدىن ئامېرىكىدىكى ئىشتات، جاي ۋە كارخانىلار بولسۇن، بىز پائال ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك ئوچۇق ھەمكارلىق ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئىككىنچى، قانچىكى ئېچىۋېتىلگەنسېرى بىخەتەرلىككە شۇنچىكى ئەھمىيەت بېرىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى شۇنچىكى ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئۆزىمىزنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى، ئېچىۋېتىشنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىقتىدارى، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ئالماستەك يېمىرىلمەس تەننى تاۋلاپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇ بىزدىن ھەم ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش كۆڭۈل ـ كۆكسىمىز بىلەن تەرەققىياتنى پىلانلاپ، دۆلەت ئىچى بازىرى بىلەن خەلقئارا بازارنى تېخىمۇ ياخشى تۇتاشتۇرۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ھەم بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىخەتەر تەرەققىيات تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئالاقدار كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تارماق ئېقىنلارنى توسۇپ قويمىغاندىلا، دەريا ـ دېڭىز ھاسىل بولىدۇ. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، دۇنيانىڭ گۈللىنىشىمۇ جۇڭگوغا موھتاج. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، تېخىمۇ ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك ھەرىكەت ئارقىلىق يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئوچۇق ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرغاندا، بىز چوقۇم سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقئارا رىقابەتتىكى تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەرەققىيات يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات يېڭى مەنزىلىنى ئاچالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر «ئۆلكىلەر ناھىيە ـ شەھەرلەر بىلەن ئۇدۇللىشىش، ۋىلايەت، شەھەرلەر يېزا ـ بازارلار بىلەن ئۇدۇللىشىش، ناھىيە، شەھەرلەر كەنت ـ گۇرۇپپىلار بىلەن ئۇدۇللىشىش» شەكلىنى قوللىنىپ، نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى نۇقتا بەلگىلەپ ھۆددىگە ئېلىپ سېتىپ بەردى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك بېكىتىلگەن تارماق(ئورۇن)لار ئۆلگىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئورگان ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇن قاتارلىقلارنىڭ نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشى، سېتىشقا ياردەم بېرىشىگە تۈرتكە بولدى ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك نىشانلىق سېتىۋېلىش ھەمكارلىق مېخانىزمى ئورناتتى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىقتىسادى كۈچلۈك ناھىيە(شەھەر، رايون)لار ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان ناھىيە، شەھەرلەر بىلەن مەنپەئەت باغلىنىشى زىچ بولغان، ئۇزاق مۇددەتلىك تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج مۇقىم بولغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەمىنلەش ـ ئېھتىياج سۇپىسى بەرپا قىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى، سېتىشقا ياردەم بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە پۇقراۋى كارخانىلار جەمئىيەت كۈچلىرىنى قوزغىتىپ، «سېتىۋېلىشنى ئىئانە قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» «سېتىۋېلىشنى ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، نامرات ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئەمەلىي زاكازغا ئايلاندۇردى.

جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى «ئون شەھەر، 100 دۇكان» قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى، بىڭتۇەن 1 ـ شىسى ئارال شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىشى، ياخشى سېتىشقا تۈرتكە بولدى. 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى «ئون شەھەر، 100 دۇكان» قۇرۇلۇشى ئارقىلىق شۇ جاينىڭ 37 مىڭ توننا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى سېتىپ چىقاردى، سېتىش سوممىسى 700 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %12تىن كۆپرەك ئاشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 764، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار 213 بولۇپ، جەمئىي 977.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۆرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

---

سىلجىتايلى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى قوشۇنىغا بايراق بەرگەنلىكى ھەم تەلىم سۆزى قىلغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى ——

## پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان بۇرچ، ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇندايمىز

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن

«تەلىم سۆزنىڭ روھى خەلق ساقچىلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇردى، بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆيۈنۈشى، غەمخورلۇقىنى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، مەڭگۈ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولىمىز.» يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق ساقچىلىرى قوشۇنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى ساقچى بايرىقى بېرىش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى، كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: ساقچى بايرىقىنى يېتەكچى، تەلىم سۆزنى بۇيرۇق بىلىپ، تەلىم سۆزنىڭ روھىنى قان تومۇرىمىزغا سىڭدۈرۈپ، روھىمىزغا مەھكەم ئورنىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان بۇرچ، ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇندايمىز.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى پارتىيە كومىتېتى ئەدلىيە نازارىتىگە بىۋاستە قاراشلىق سىستېمىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار، كەڭ كادىر ساقچىلارنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم تەلىم سۆزىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئەدلىيە مەمۇرىيىتى سىستېمىسى تەلىم سۆزنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

شىنجاڭ چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش باش پونكىتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى. باش پونكىت پارتىيە كومىتېتى مۇنداق بىلدۈردى: تەلىم سۆزنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكى ۋە پورت، چېگرانىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش نىشانىنى باشتىن ـ ئاخىر تۇتقا قىلىپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت دەرۋازىسى بولغان پورت ۋە چېگرا تەۋەلىك رايوننىڭ باشتىن ـ ئاخىر بىخەتەر، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

باش شۇجىنىڭ تەلىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق ساقچىلىرى قوشۇنىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى ۋە رىغبەتلەندۈردى. ماناس ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەدلىيە ساقچىسى چوڭ ئەترەتنىڭ كادىر ساقچىسى بەختىيار ھەسەن مۇنداق دېدى: ئەدلىيە ساقچىسى بولۇش سۆيۈملۈك بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەلىپىنى دۆلەت خەۋپسىزلىكى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، خەلق مەنپەئەتىنى قوغداشتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى لاياقەتلىك قانۇن ساقچىسى بولىمەن.

«شىنجاڭ ساقچى شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ھەم خەلق ئوقۇتقۇچىسى، ھەم خەلق ساقچىسى، بىز تەلىم سۆزنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىدە تەلىم سۆزنىڭ روھىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ‹ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، ساقچى تەربىيەلەش، روھ تاۋلاش›تەك ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ياخشى ئادا قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنى خاتىرجەم قىلىدىغان خەلق ساقچىلىرى زاپاس پولات قوشۇننى يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز» دېدى شىنجاڭ ساقچى شۆيۈەنى ئىلمىي باشقارمىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈ چيۈلىن.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى سۇڭ گوچېڭ مۇنداق بىلدۈردى: بورتالا ئوبلاستىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى باش شۇجىنىڭ تەلىم سۆزىنى بۇيرۇق بىلىپ، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ساقچى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بېرىپ، تىرىشىپ پۇقرالارنىڭ سىردىشى بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىدۇ.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى فېڭچياۋچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسى —— ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سايباغ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى خۇڭمياۋزى ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى جاڭ پېڭ مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش بىلەن ئىللىق مۇلازىمەت قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ساقچى بەلگىسىنى جۇلالاندۇرۇپ، ساقچى بايرىقىغا شەرەپ كەلتۈرىمەن!

«جەنۇبىي شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقان ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز قۇملۇقنىڭ چېتىدە، تۇغراقلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە پارتىيە بايرىقى، ساقچى بايرىقىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجىنىڭ تەلىپىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ سىردىشى ۋە قوغدىغۇچىسى بولىمىز» دېدى ئاۋات ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يۇقىرى ئېقىن سۇ ئامبىرى ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ئېزىزجان ئىمامنىياز.

قەشقەر شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى نەزەرباغ ساقچىخانىسىنىڭ يېتەكچىسى تاۋ يۈڭشېڭ مۇنداق دېدى: بايراقنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىز خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ساقچىخانا خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، «زىددىيەتنى يۇقىرىغا ئىتتىرمەسلىك، ئامانلىقتىن چاتاق چىقماسلىق، مۇلازىمەت كەم بولماسلىق»نىڭ يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇنى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى بېيىتىپ، تەۋەلىك رايوندا «دېلو ئاز يۈزبېرىش، تەرتىپ ياخشى بولۇش، ئامما رازى بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق باش شۇجىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرىمىز.